# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش نىزامى

(2010 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 - يىغىنىدا ماقۇللاندى، 2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 - يىغىنىدا ئۆزگەرتىلدى)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى

24 - نومۇرلۇق

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش نىزامى» 2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 - يىغىنىدا ئۆزگەرتىپ ماقۇللاندى، هازىر ئېلان قىلىندى، 2019 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلسۇن.

ئالاھىدە ئېلان چىقىرىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى
2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

مۇندەرىجە

1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ
2 - باب تەشۋىقات ۋە تەربىيە
3 - باب كۆزىتىش ۋە باشقۇرۇش
4 - باب ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش
5 - باب داۋالاپ قۇتقۇزۇش
6 - باب قانۇن جاۋابكارلىقى
7 - باب قوشۇمچە پرىنسىپ

### 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ يۈزبېرىشى، تارقىلىشى ۋە يامرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، تەن ساغلاملىق ۋە ئاممىۋى ساغلاملىقنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى» ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش نىزامى»، شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ چىقىرىلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزام ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، شۇنىڭدەك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىگە تەتبىقلىنىدۇ.

**3 - ماددا** ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىدە ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، ئالدىنى ئېلىش بىلەن داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ، ھۆكۈمەت تەشكىللەپ رەھبەرلىك قىلىدىغان، تارماقلار مەسئۇل بولىدىغان، پۈتكۈل جەمئىيەت قاتنىشىدىغان مېخانىزم ئورنىتىلىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، تەشۋىق - تەربىيە كۈچەيتىلىدۇ، ھەرىكەتكە ئارىلىشىش ۋە غەمخورلۇق قىلىش، قۇتقۇزۇش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ، ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش يولغا قويۇلىدۇ.

**4 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىگە بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ھەرىكەت پىلانى تۈزىدۇ ھەمدە ئۇنى تەشكىللەپ يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ۋە خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۈستىگە ئالغان ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى باھالايدۇ، نازارەت قىلىدۇ.

**5 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى خىراجىتىنى شۇ دەرىجىلىك مالىيە خامچوتىغا كىرگۈزۈپ، تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، كۆزىتىش - ئۆلچەپ تەكشۈرۈش، ئىلمىي تەتقىق قىلىش، غەمخورلۇق قىلىش - قۇتقۇزۇش، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشقا كېرەكلىك تۈرلۈك خىراجەتلەرنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى ئېغىر بولغان رايونلارنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىگە خىراجەت ياردىمى بېرىشى كېرەك.

ھەر قانداق ئورۇن، تەشكىلات، شەخسنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش مەخسۇس خىراجىتىنى قىسىۋېلىشىغا، تۇتۇپ قېلىشىغا، ئىشلىتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى ئېغىر بولغان رايونلارنى ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى گوۋۇيۈەننىڭ سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن بېكىتىپ ئېلان قىلىدۇ.

**6 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق مەمۇرىي تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىگە، شۇنىڭدەك كۈندىلىك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە مەمۇرىيىتى، مائارىپ، خەلق ئىشلىرى، داۋالىنىش كاپالىتى، بازار باشقۇرۇش، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت، مالىيە، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارمىقى قاتارلىق ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلار ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى مەسئۇلىيىتى بويىچە ئىشلەيدۇ.

يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتى، كوچا باشقارمىسى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

كەنت (شەھەر) ئاھالە كومىتېتى، شۇنىڭدەك مەھەللە تەشكىلاتى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى، ئورۇنلىرىنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى ئىشلىشىگە ھەمكارلىشىشى كېرەك.

**7 - ماددا** ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، قىزىل كرېست جەمئىيىتى، پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا دائىر تەشۋىق - تەربىيە، جەمئىيەت ياردەم بېرىش - يۆلەش، پىدائىيلار مۇلازىمىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا ھەمكارلىشىشى كېرەك.

**8 - ماددا** ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخس ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار، ئەيدىز كېسەللىكى بىمارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى كەمسىتسە بولمايدۇ. ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار، ئەيدىز كېسەللىكى بىمارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ئۆيلىنىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، داۋالىنىش، مەكتەپكە كىرىش قاتارلىق قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن قوغدايدۇ.

**9 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، تەشۋىق - تەربىيە، غەمخورلۇق قىلىش - قۇتقۇزۇش، پۇل، نەرسە ئىئانە قىلىش، پىدائىيلار مۇلازىمىتى قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا دائىر ئاممىۋى مەنپەئەت ئىشلىرىغا قاتناشقان پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارغا مەبلەغ، تېخنىكا جەھەتلەردىن قانۇن بويىچە مەدەت بېرىشى ۋە باجدا ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

**10 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىدە گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقان ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىگە قاتنىشىپ ياكى ۋەزىپە ئىجرا قىلىپ ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلار، شۇنىڭدەك مۇشۇ سەۋەبتىن كېسەل بولغانلار، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغانلار ياكى ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەسپىي كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى» ۋە دۆلەتنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە ياردەم پۇل ۋە نەپىقە بېرىلىدۇ.

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىدىغان خادىملار، شۇنىڭدەك ئەيدىز كېسەللىكى سەۋەبلىك كەسىپتە ئاشكارىلىنىش ئاسان يۈز بېرىدىغان مۇناسىۋەتلىك خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باشقا خادىملار ئىش ئورنى ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، كونكرېت چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى چىقىرىدۇ.

(ئاخىرى 7 - بەتتە)

(بېشى 5 - بەتتە)

**22 - ماددا** خەلق سوت مەھكىمىسى ئائىلە زۇلمىغا چېتىلىدىغان دېلولارنى قاراپ چىقىشتا، ساقچى ئەۋەتىش خاتىرىسى، ئاگاھنامە ۋە زەخىم باھالاش پىكرى، دىياگنوز قويۇش - داۋالاش خاتىرىسى قاتارلىق دەلىل - ئىسپاتلارغا ئاساسەن، ئائىلە زۇلمى سېلىش پاكىتىنى بېكىتسە بولىدۇ.

خەلق سوت مەھكىمىسى ئائىلە زۇلمىدا زىيانلانغۇچىنىڭ دەۋا ھەققىنى قانۇن بويىچە كېچىكتۈرۈپ ئېلىشى، كېمەيتىپ ئېلىشى ياكى كەچۈرۈم قىلىشى كېرەك.

**23 - ماددا** ۋەسىي ئائىلە زۇلمى سېلىپ، ۋەسىيلىك قىلىنغۇچىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزسە، خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە ۋەسىيلىك قىلىش سالاھىيىتى بار باشقا كىشى، كەنت ئاھالە كومىتېتى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى، مەكتەپ، داۋالاش ئاپپاراتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، مېيىپلەر بىرلەشمىسى، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش تەشكىلاتى، قانۇن بويىچە قۇرۇلغان ياشانغانلار تەشكىلاتى، خەلق ئىشلىرى تارمىقى قاتارلىقلارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، ۋەسىينىڭ ۋەسىيلىك سالاھىيىتىنى قانۇن بويىچە بىكار قىلسا، ۋەسىينى باشقىدىن بېكىتسە بولىدۇ.

ۋەسىيلىك سالاھىيىتى بىكار قىلىنغان زىيانلاندۇرغۇچى قاراش، كۈتۈش، بېقىش خىراجىتى قاتارلىق مۇناسىپ خىراجەتلەرنى قانۇن بويىچە داۋاملىق ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

### 4 - باب جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقى

**24 - ماددا** ئالاقىدارلار ئائىلە زۇلمىغا ئۇچرىغانلىقتىن ياكى ئائىلە زۇلمىنىڭ رېئال خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلىكتىن، قانۇن بويىچە خەلق سوت مەھكىمىسىگە جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقى چىقىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا، خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

ئالاقىدارلار تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىگە ئۇيغۇن كەلسە، ئۇنىڭ يېقىن تۇغقىنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى، ئاياللار بىرلەشمىسى، كەنت ئاھالە كومىتېتى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى، قۇتقۇزۇش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى ۋاكالىتەن ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ:

(1) ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى يوق ياكى ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلەنگەن بولسا؛

(2) ياشىنىپ قېلىش، مېيىپ بولۇش، ئېغىر كېسەل بولۇش، ھامىلدارلىق مەزگىلىدە، بالا ئېمىتىش مەزگىلىدە بولۇش، مەجبۇرلاشقا ياكى تەھدىتكە ئۇچراش قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئۆز ئالدىغا ئىلتىماس قىلالمايدىغان بولسا.

**25 - ماددا** جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقى چىقىرىش ئىلتىماسىنى يازمىچە ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك؛ يازمىچە ئىلتىماس قىلىشتا ھەققەتەن قىيىنلىدىغانلار ئاغزاكى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، خەلق سوت مەھكىمىسى خاتىرىگە يازىدۇ.

خەلق سوت مەھكىمىسى جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىغا دائىر دېلولارنى قوبۇل قىلىشتا دەۋا ھەققى ئالمايدۇ، ئىلتىماس قىلغۇچى كېپىللىك بەرمىسىمۇ بولىدۇ.

**26 - ماددا** جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىغا دائىر دېلولار ئىلتىماس قىلغۇچى ياكى ئىلتىماس قىلىنغۇچى تۇرۇشلۇق جايدىكى، ئائىلە زۇلمى يۈزبەرگەن جايدىكى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ.

**27 - ماددا** جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىنى خەلق سوت مەھكىمىسى كېسىم شەكلىدە چىقىرىدۇ، ئۇ ئادەتتىكى جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقى ۋە جىددىي جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقى دەپ ئايرىلىدۇ.

ئادەتتىكى جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقى خەلق سوت مەھكىمىسى جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقى چىقىرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، زىيانلانغۇچىنىڭ ئىلگىرى ئائىلە زۇلمىغا ئۇچرىغانلىقى ياكى ئائىلە زۇلمىنىڭ رېئال خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، 72 سائەت ئىچىدە چىقارغان جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

جىددىي جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقى خەلق سوت مەھكىمىسى جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقى چىقىرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، زىيانلانغۇچىنىڭ ئائىلە زۇلمىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ياكى ئائىلە زۇلمىنىڭ جىددىي خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، 24 سائەت ئىچىدە چىقارغان جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

**28 - ماددا** جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقى تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسا بولىدۇ:

(1) ئىلتىماس قىلىنغۇچىنىڭ ئائىلە زۇلمى سېلىشىنى مەنئىي قىلىش؛

(2) ئىلتىماس قىلىنغۇچىنىڭ ئىلتىماس قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك يېقىن تۇغقانلىرىغا پاراكەندىچىلىك سېلىشى، كەينىگە كىرىۋېلىشى، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشىنى مەنئىي قىلىش؛

(3) ئىلتىماس قىلىنغۇچىنى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ تۇرار جايىدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇش؛

(4) ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداشقا دائىر باشقا تەدبىرلەر.

**29 - ماددا** خەلق سوت مەھكىمىسى جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقى چىقارغاندىن كېيىن، ئىلتىماس قىلغۇچىغا، ئىلتىماس قىلىنغۇچىغا شۇنىڭدەك ئىلتىماس قىلغۇچى ۋە ئىلتىماس قىلىنغۇچى تۇرۇشلۇق جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى، كەنت ئاھالە كومىتېتى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى، ئىلتىماس قىلغۇچى ۋە ئىلتىماس قىلىنغۇچى ئىشلەيدىغان ئورۇنغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈشى كېرەك.

جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىنى يازمىچە بىۋاسىتە يەتكۈزۈش، پوچتىدىن يەتكۈزۈش ياكى ھاۋالە قىلىپ يەتكۈزۈش كېرەك، ئالماي تۇرۇۋالغانلارغا قالدۇرۇپ قويۇپ يەتكۈزۈلسە بولىدۇ. جىددىي ئەھۋالدا، تېلېفون، فاكس، ئېلېكترونلۇق يوللانما، يان تېلېفون قىسقا ئۇچۇرى قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئالدىن ئۇقتۇرۇش قىلىنسا بولىدۇ، ئالدىن ئۇقتۇرۇش قىلىنغان بولسا مۇناسىۋەتلىك دەلىل - ئىسپاتلارنى ساقلاپ قويۇش كېرەك.

**30 - ماددا** جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىنىڭ كۈچكە ئىگە ۋاقتى ئالتە ئايدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ئۇ چىقىرىلغان كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقى كۈچتىن قېلىشتىن بۇرۇن، خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن بۇيرۇقنى بىكار قىلسا، ئۆزگەرتسە ياكى ئۇزارتسا بولىدۇ.

ئىلتىماس قىلغۇچىلاردىن ئىلتىماسىنىڭ رەت قىلىنغانلىقىغا قايىل بولمىغانلىرى ياكى ئىلتىماس قىلىنغۇچىلاردىن جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىغا قايىل بولمىغانلىرى كېسىم كۈچكە ئىگە بولغان كۈندىن باشلاپ بەش كۈن ئىچىدە كېسىم چىقارغان خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىر قېتىم قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىسى جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىنى قانۇن بويىچە چىقارغان بولسا، قايتا قاراپ چىقىش مەزگىلىدە جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىنىڭ ئىجراسى توختىتىلمايدۇ.

**31 - ماددا** جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىنى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىجرا قىلىدۇ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى شۇنىڭدەك كەنت ئاھالە كومىتېتى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى، ئىلتىماس قىلغۇچى ۋە ئىلتىماس قىلىنغۇچى ئىشلەيدىغان ئورۇن قاتارلىقلار ئىجرا قىلىشقا ياردەملىشىشى كېرەك.

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشىغا ياردەملىشىشى كېرەك:

(1) ئالاقىدارلارنىڭ ئەھۋالىنى 24 سائەت ئىچىدە ئېنىقلاش؛

(2) ئىلتىماس قىلىنغۇچىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىغا رىئايە قىلىشىنى نازارەت قىلىش؛

(3) ئىلتىماس قىلىنغۇچىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى بايقىغان ياكى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلىق ھەققىدىكى مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ۋاقتىدا ساقچى ئەۋەتىپ بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە ئىلتىماس قىلىنغۇچىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالىدىن خەلق سوت مەھكىمىسىنى خەۋەرلەندۈرۈش.

**32 - ماددا** ئىلتىماس قىلغۇچى ئورۇنلۇق سەۋەب بولماي تۇرۇپ، جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىنى ئادا قىلماي تۇرۇۋالغان، جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان ياكى ئىلتىماس قىلغۇچىنى جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىنى بىكار قىلىشنى ئىلتىماس قىلىشقا زورلىغان بولسا، ئىلتىماس قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ يېقىن تۇغقىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا دېلو مەلۇم قىلسا بولىدۇ، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسىمۇ بولىدۇ.

كەنت ئاھالە كومىتېتى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى، ئىلتىماس قىلغۇچى ۋە ئىلتىماس قىلىنغۇچى ئىشلەيدىغان ئورۇن ئىلتىماس قىلىنغۇچىنىڭ يۇقىرىقىدەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىنى بايقىغاندا، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى ياكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا دېلو مەلۇم قىلىشى كېرەك.

### 5 - باب قانۇن جاۋابكارلىقى

**33 - ماددا** زىيانلاندۇرغۇچىلاردىن ئاگاھنامىگە خىلاپلىق قىلىپ قايتا ئائىلە زۇلمى سېلىپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەنلىرىگە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇش جازا قانۇنى»غا ئاساسەن جازا بېرىشى كېرەك.

**34 - ماددا** ئىلتىماس قىلىنغۇچىلاردىن جىسمانىي بىخەتەرلىكنى قوغداش بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەنلىرىگە خەلق سوت مەھكىمىسى تەنبىھ بېرىشى ھەمدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش قانۇنى»دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن جازا بېرىشى كېرەك.

**35 - ماددا** مەكتەپلەر، يەسلىلەر، داۋالاش ئاپپاراتلىرى، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى، شەھەر ئاھالە كومىتېتلىرى، ئىجتىمائىي خىزمەت مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى، قۇتقۇزۇش - باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى، پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خادىملىرى مۇشۇ چارىنىڭ 13 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا دېلو مەلۇم قىلماي، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغان بولسا، يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق ياكى شۇ ئورۇن بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا قانۇن بويىچە چارە كۆرىدۇ.

**36 - ماددا** ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش مەسئۇلىيىتى بار تارماقلار، تەشكىلاتلار مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماي ياكى مەسئۇلىيىتىنى توغرا ئادا قىلماي ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارمىقى ياكى شۇ ئورۇن بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا تەنقىد - تەربىيە بېرىدۇ ياكى چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش مەسئۇلىيىتى بار دۆلەت خادىملىرىدىن خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلانغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلىرىغا قانۇن بويىچە چارە كۆرۈلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**37 - ماددا** بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنسا، قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا بەلگىلىمە بولغانلىرى شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

### 6 - باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**38 - ماددا** بۇ چارە 2020 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. 2008 - يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 6 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئائىلە زۇلمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى توسۇش بەلگىلىمىسى» بىرلا ۋاقىتتا بىكار قىلىنىدۇ.

**(تەرجىمىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى قانۇن - نىزاملارنىڭ تەرجىمىسىنى بېكىتىش گۇرۇپپىسى بېكىتتى)**